شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 8 - ئاي
27
سەيشەنبە
维吾尔文 8月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24800 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ 2019 جۇڭگو خەلقئارا ئەقلىي ئىقتىدار كەسپلىرى كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى 2019 جۇڭگو خەلقئارا ئەقلىي ئىقتىدار كەسپلىرى كۆرگەزمىسى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۇڭچىڭدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسى كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسپ ئۆزگىرىشى جۇش ئۇرۇپ ئالغا سىلجىپ، ئەقلىي ئىقتىدار كەسپلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئەقلىي ئىقتىدار كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەقەمنى كەسپلەشتۈرۈش، كەسپنى رەقەملەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد ۋە ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. جۇڭگو خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىنى ئورتاق يارىتىپ، ئەقلىي ئىقتىدار نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

- ■ ھەرقايسى رايونلارنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، ئىش تەقسىماتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئەلالاشتۇرۇش يولىدا مېڭىپ، ئاساسىي گەۋدە فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بوشلۇقنى تۈزەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆلەمدىكى بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئاساسىنى ئالىيلاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك.
- ■ يېڭى ۋەزىيەتتە رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە رايونلارنىڭ سىياسەت سىستېمىسىنى تەڭشەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئامىللارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەر توپى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەۋزەل رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە نوپۇس جەھەتتىكى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، باشقا رايونلارنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى، چېگرا رايون بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك.
- ■ ئىستراتېگىيەلىك ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننى چۆرىدەپ، يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى كارخانىلارنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىشى ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېچىۋېتىش - ھەمكارلىشىش داۋامىدا تېخىمۇ كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا، تېخىمۇ يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 5 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش مەسىلىسى، كەسىپ ئاساسى ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى. شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى رايونلارنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، ئىش تەقسىماتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئەلالاشتۇرۇش يولىدا مېڭىپ، ئاساسىي گەۋدە فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بوشلۇقنى تۈزەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭ كۆلەمدىكى بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ ئاساسىنى ئالىيلاشتۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى، مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى كېچياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ خۇنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئاپتونوم رايونىمىزدا دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

مۇھىم دەريا - كۆل سۇ فۇنكسىيەلىك رايونلىرىدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 98.6%كە ئۆرلىدى

مۇخبىرىمىز **لىۇ دۇڭلەي**، پىراكتىكانت **جاۋ شىڭپىڭ**دىن 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئەھۋالىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئۇقۇشىچە، دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەنى تۈزەش نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان، مۇھىم دەريا - كۆل سۇ فۇنكسىيەلىك رايونلىرىدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 2016 - يىلدىكى 94%تىن 2018 - يىلدىكى 98.6%كە ئۆرلەپ، دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك «بەرپا قىلىنىش»تىن ئومۇميۈزلۈك «ئۈنۈم كۆرۈلۈش»كە ئۆزگەرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىرى جاڭ جيەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2018 - يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دەريا - كۆللەردىن شېغىل ئېلىش، توسمىنى ئەخلەت قاپلاپ كېتىش، دەرياغا بۇلغىما قويۇپ بېرىشنى تۈزەش ۋە «تۆت قالايمىقاننى تازىلاش» قاتارلىق مەخسۇس ھەرىكەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان 107 قانۇنسىز شېغىل ئېلىش مەيدانىنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ ئىشتىن توختىتىلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دەريا - كۆللەردىكى «تۆت قالايمىقاننى تازىلاش»تا رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان 1282 مەسىلىنىڭ نۆۋەتتە تېزلىكتىن ئۆزگەرتىلىش نىسبىتى 98%كە يەتتى، قالغان مەسىلىلەرمۇ پائال تۈزەش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ھاسىلاتنى ئىدىتلاپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھۆكۈمەت پارتگۇرۇپپىسى بەنزىسىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ كۆز مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى

ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، قىزىل كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈش» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەم كۈز مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن مۇراسىمغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

چەكتىن، نورمىدىن ئارتۇق يۈك بېسىشقا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزەش

يول مەمۇرىيىتى، قاتناش ساقچىلىرىنىڭ بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلىشى يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى

مەخسۇس تۈزەش

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: «يول مەمۇرىيىتى، قاتناش ساقچىلىرى بىرلىشىپ قانۇن ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، قانۇن ئىجرا قىلىش بارغانسېرى قېلىپلاشتى. ئەگەر يۈك نورمىدىن ئېشىپ كەتسە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار بىزنىڭ يۈك چۈشۈرۈشىمىزگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ، تەكرار جەرىمانە قويمايدۇ، ئەگەر چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن بولساق، ناھايىتى تېزلا قويۇپ بېرىدۇ» دېدى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرى دۇ جياڭبو دۆلەت يولى 312 - لىنىيەسى سانجى يۈشۇگوۋ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى تۈزەش تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتىدا تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىۋېتىپ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ شىنجاڭنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى

مۇخبىرلىرىمىز **لى لىن، چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش مەمۇرىيىتى، داۋالاشنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جوۋ چاڭچياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، بۈگۈنكى كۈندە تەدرىجىي تۈردە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ساغلاملىق ھوقۇق - مەنپەئىتى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. 2016 - يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى بىلەن، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، «قان بېرىش»نى «قان ئىشلەش»كە ئۆزگەرتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

ساياھەت گۈلزارلىقى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ يۇڭفېڭ يېزىسى شاڭسى كەنتىدىكى ساياھەت گۈلزارلىقىدا گۈللەرنى تاماشا قىلىپ، سۈرەتكە چۈشمەكتە. بۇ كەنت «گۈل سەيلىسى» باش تېما قىلىنغان ھېس قىلىش شەكلىدىكى يېزا - كەنت ئىستراھەت بازىسى بەرپا قىلىپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. □ جاڭ گۇاڭپېڭ فوتوسى

يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇش - تەھلىل قىلىش سۈپىتى قۇرۇش

قەشقەر ۋىلايىتى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى

تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

مۇخبىرلىرىمىز **خەن چىنيەن، شۇ جيەن، بەي جيۇ، مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: ئاجرىتىپ بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى بىر كۈن ئۆتۈپ كېتىپمۇ تەقسىم قىلىنمىسا، ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ؛ مەبلەغ تۈرگە ئەگىشىپ ماڭمىسا، ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ؛ مەبلەغ خېرىدار بولغان كارخانىلارغا بىۋاستە بېرىلمىسە، يۆتكەپ ئىشلىتىش خەۋپ - خەتىرى مەۋجۇت بولسا، ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

مەيلى قەشقەر شەھىرىدە بولسۇن ياكى چەت - يىراق جايدىكى يېزا - كەنتلەردە بولسۇن، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئاجرىتىپ بېرىش كېچىكتۈرۈلسە، تاشلاپ قويۇلسا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇش - تەھلىل قىلىش سۈپىسى ئاگاھلاندۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مالىيەنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى تەقسىم قىلىش، چۈشۈرۈپ بېرىش، بېرىش ۋە تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارنى پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىپ تىزگىنلەپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ دەل جايىدا ئىشلىتىلىنىشى، دەل جايىدا سېلىنىشى، دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)